# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي
23
دۈشەنبە
维吾尔文 9月23日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24827 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# قوزغىتىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

كىشىلەر قەلبى ئەڭ چوڭ سىياسىي، ئورتاق تونۇش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى توپلاشقا موھتاج، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش، ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە موھتاج.

«يېڭى دەۋر شارائىتىدا، بىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيمىز دەيدىكەنمىز، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# قەشقەر ئەشيا ئوبوروتى، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىشتىن ئىبارەت «ئۈچ مەركەز» بەرپا قىلدى

## ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى بارغانسېرى قويۇقلاشتى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۈركۈمگە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن خەۋەر قىلىدۇ: قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم كۆزنىكىنى قۇرۇش مۇساپىسىدە، «قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، شەرق بىلەن غەرب قوش يۆنىلىشتە ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان» ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى چىڭ كۆزلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىدىكى ئەشيا ئوبوروتى ـ تارقىتىش مەركىزى، پىششىقلاپ ئىشلەش ـ ياساش مەركىزى، سېتىش ـ مۇلازىمەت مەركىزىنى پائال بەرپا قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، قەشقەر ئۈنۈۋېرسال باجدىن خالىي رايونىدىكى تۇنجى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىش بويىچە باجدىن خالىي پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى شىنجاڭ شىنخۇيپېڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا چەكلىك شىركىتى قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلغان 20 توننا ھەسەلنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ھەم سېتىشقا باشلىدى؛

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، تۇنجى «خوتەن —— قەشقەر —— ئۈرۈمچى يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى» قەشقەر ۋوگزالىدىن يولغا چىقتى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئېلېكتىر سايمانلىرى، ئۆرۈك مۇراببासى قاتارلىق مەھسۇلاتلار جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا يىغىپ قاچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا توشۇلدى؛

شېنجېن كەسپلەر باغچىسىدىكى ئېلېكترون ئۈچۈر كەسپىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا بازىرىغا يۈزلەنگەن يان تېلېفون ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىل ئىچىدە 20 مىليون دانىنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ، ماشىنا ـ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش قاتارلىق كەسپلەرنىڭ ئېكسپورت سوممىسى تېز سۈرئەتتە ئاشتى.

...

«بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، يۈكسىلىشىغا ئەگىشىپ، «بەش پورت سەككىز دۆلەتكە تۇتىشىش، بىر يول ياۋروپا ـ ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئالاھىدە رايون ئورنى ۋە توپلاشقان پورت ئەۋزەللىكىگە ئىگە يېپەك يولىدىكى مۇھىم بازار قەشقەرمۇ كۈنسېرى مەبلەغ سالغۇچىلار، كارخانىچىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

جۇڭگو دېھقانلىرى مول ھوسۇل بايرىمى

# ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينىڭ بازاردىكى سېتىۋېلىش باھاسى سىجىل ئۆستى



**ئامبارنى ئېچىپ ئاشلىق سېتىۋېلىش**

**جۇڭگو زاپاس ئاشلىق باشقۇرۇش باش شىركىتى شىنجاڭ قومۇل بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبار چەكلىك شىركىتىدە ساپ سېرىق بۇغدايلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئامبارغا كىرگۈزۈلدى (9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تارتىلغان). بۇ يىل قومۇلنىڭ شىمالىدا تېرىلغان 200 نەچچە مىڭ مو يەردىكى بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىندى.**

**□ سەي زېڭلې فوتوسى**

مۇخبىرىمىز ليۇ يىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بۇلتۇرقىدىن ئۆسكەن، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ئەلا سۈپەتلىك كۆزگى بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىش باھاسى بۇلتۇرقىدىن 0.05 يۈەندىن 0.1 يۈەنگىچە ئۆسكەن.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 2 مىليون 460 مىڭ توننا بۇغداي سېتىۋېلىنغان، كۆزگى بۇغداي سېتىۋېلىش ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقان، يازغى بۇغداي سېتىۋېلىش داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق، تەرتىپلىك بولغان.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويغان ئىككىنچى يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ھۆكۈمەت يېتەكلەش، بازار باھا بېكىتىش، ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا تولۇقلىما بېرىش، كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلار سېتىۋېلىش، ئەلا سۈپەتلىكلەرنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش، ئەلا سۈپەتلىكلەرگە يۇقىرى تولۇقلىما بېرىش، جىددىي ئېھتىياجنى قامداشتا بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش سىياسىتى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، بۇغداي سېتىۋېلىش باھاسىنى ھەرقايسى سېتىۋالغۇچى كارخانىلار بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزلىرى بېكىتكەن. بۇغداي سېتىۋېلىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، تۈرلۈك سېتىۋېلىش كارخانىلىرى بازارغا پائال كىرىپ سېتىۋالغان، بازار باھاسى مۇقىم بولۇپ، ئاشلىق تېرىغان دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارى بۇغداي ئومۇمىي سېتىۋېلىش مىقدارىنىڭ 80%ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن، ئۇن پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 10%تىن ئاشقان، 3 ـ دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ھەر كىلوگرام كۆزگى بۇغداينىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 2.3 يۈەندىن 5.00 يۈەنگىچە بولغان، 3 ـ دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ھەر كىلوگرام يازغى بۇغداينىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 2.15 يۈەندىن 2.47 يۈەنگىچە بولۇپ، بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقان ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينىڭ سېتىۋېلىش باھاسى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئاشلىق سېتىۋالىدىغان ئادەم بولۇش، ئاشلىق سېتىۋالىدىغان پۇل بولۇش، ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبار بولۇش، ئاشلىق باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش تەلىپىنى چۆرىدەپ، ئامبارنى بوشىتىش، خادىملارنى تەربىيەلەش، ماشىنىلارنى تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئالدىن ياخشى ئىشلەپ، سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى ئالدىن تەييارلاپ، سېتىۋېلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «ئاشلىق سېتىش تەس بولۇش» ۋە «ئاق ھۆججەت بېرىش» مەسىلىلىرى كۆرۈلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ بازارنى يېتەكلەش رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، بۇغداي ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى، ئاشلىق ۋاسىتىچىلىرى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلارنىڭ بازارغا كىرىپ سېتىۋېلىشىغا ئىلھام بېرىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق قوزغىتىپ، بازاردا ياخشى رىقابەتنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇغداي سېتىلىشىدا ئەلا سۈپەتلىكلەرنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ، تەرتىپلىك بازار مۇھىتى ياراتقان.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# ئاقسۇ «ئىسپاتلارنى ئازايتىپ خەلققە قولايلىق يارىتىش» پۇقرالارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈردى

مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنخۇئ خەۋەر قىلىدۇ: «ساقچى يولداش، مېنىڭ نوپۇسۇم باشقا جايدا، لېكىن كىملىكىمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، قانداق تولۇقلاپ بېجىرىمەن؟» 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئونسۇ ناھىيەلىك مەمۇرىيەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى كەسپىنى بېجىرىش كۆزنىكىگە بىر ئايال يولداش ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە يېتىپ كەلدى.

«جىددىيلەشمەڭ، ھازىرلا سىزگە بېجىرىپ بېرىمەن» دېدى مۇلازىمەت كۆزنىكىدە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان نوپۇس ساقچىسى لى نەن.

شۇ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىيەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىدىكى بازارنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇلازىمەت كۆزنىكىدە، شىنجاڭ كاڭنىڭ تېببىي دورا زەنجىرسىمان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئاقسۇ شۆبە شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى لىيۇ شەن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى دورا تىجارەت ئىجازەتنامىسىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئون نەچچە خىل ماتېرىيال، يەنە ھەر خىل كۆپەيتمە نۇسخىلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى، بىر قېتىم قاتراپلا بېجىرەلىشىمىز ناتايىن ئىدى. ھازىر، پەقەت ئۈچ خىل ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، بىر قېتىم قاترىساقلا بېجىرەلەيدىغان بولدۇق».

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتى «ئىسپاتلارنى ئازايتىپ خەلققە قولايلىق يارىتىش» مەخسۇس ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەستىقلاش فۇنكسىيەسىگە ئىگە ئورۇنلارنى پائال تەشكىللەپ، «ئالتە بىردەك بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، مەمۇرىي ئىجازەت، مەمۇرىي بېرىم، مەمۇرىي مۇكاپات، مەمۇرىي مۇئەييەنلەشتۈرۈش، مەمۇرىي كېسىم ۋە باشقا مەمۇرىي ھوقۇق ئىشلىرىنى بېجىرگەندە، كارخانا ۋە ئامما تاپشۇرغان مەلۇم قىلىش ماتېرىيالى، تۈرلۈك ئىسپات ۋە تامغا بېسىش ھالقىلىرىنى ئېنىقلىدى. تۈركۈم، قېتىمغا ئايرىپ تەشكىللەپ تەربىيەلەش ئارقىلىق، مەركەزلىك ئېنىقلاش، نەق مەيداندا يېتەكلەش، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ بېكىتىش، قانۇنلۇقلۇقنى مەركەزلىك تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىك ماتېرىياللارنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشلارنى بېجىرىش تەرتىپى، ماتېرىيال، ۋاقىت چېكى قاتارلىقلارنى بىرتۇتاش قېلىپلاشتۇرۇپ، ۋىلايەت دائىرىسىدە «ئوخشاش ئۆلچەمدە قوبۇل قىلىش، پەرقسىز بېجىرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى

# شىنجاڭ مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر گاۋ خەن)** مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ دۆلەت بېكىتكەن 32 نامرات ناھىيەگە 23 مىليارد 626 مىليون يۈەن يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار بىرىكمە مەبلەغ سېلىپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشىنى قوللاشقا ئىشلەتكەن.

بۇ يىل چۈشۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار مەبلەغ تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئىشلىتىش ھوقۇق دائىرىسى پۈتۈنلەي نامرات ناھىيەلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىلگەن، ناھىيەلەر بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 22 ئېغىر نامرات ناھىيەنىڭ مەبلىغى 22 مىليارد 3 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بارلىق بىرىكمە مەبلەغنىڭ 93.13%ىنى ئىگىلىگەن، مەبلەغ يۆنىلىشى نۇقتىلىق ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى توپ تۇتاش ئالاھىدە نامرات رايونلارغا مايىللاشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل كىشى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ تۈركۈم مەبلەغ نامرات ناھىيەلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېزا ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى ساھەگە ئىشلىتىلىدۇ ھەم ئالدى بىلەن نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان كەسپ تەرەققىيات تۈرلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ، نامرات ئەمەس كەنتلەردىكى نامرات ئاھالە ياكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش تۈرلىرىدىكى ئەخلەت، پۆندى، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئاممىۋى ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، لېكىن تام ئاقارتىش، يورۇتۇش قاتارلىق يۈز ـ ئوبراز قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

مەبلەغ ئىشلىتىشنىڭ بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تۈزۈم لايىھەسى ۋە مەشغۇلات قاتلىمىدىن، بىرىكمە مەبلەغنى پۈتۈن جەريانلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش ھالقىسى، سىياسەت مەزمۇنىدا يوچۇقسىز، ئۇقسانسىز بولۇشنى نامايان قىلىپ، مەبلەغنىڭ پۈتۈن جەريانى، پۈتۈن ۋاقتى، پۈتۈن مەسئۇلىيەت سۇبيېكتىغا قارىتا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش يېپىق ھالقىسىنى شەكىللەندۈردى.

# ئۆگىنىشنى ئىدىيەدە يىلتىز تارتقۇزۇش   تەلەپنى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش

—— شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى، شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

## ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي   بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

□ مۇخبىرىمىز جاۋ شيا

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي قايتا ئاتلىنىش، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش. 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى باشلانغاندىن بۇيان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى، شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلام بويىچە پۇختا، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر باش تېما تەربىيەسىدە ئۆگىنىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئىدىيەدە يىلتىز تارتقۇزۇپ، تەلەپنى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكىلدىكى تەرەققىياتىغا ئومۇمىيۈزلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تارقاتقۇلىرى سىپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP